سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# خەلق تۇرمۇشىنىڭ قۇياش نۇرى ئىللىق چېچىلدى  بەخت ـ سائادەتنىڭ باھار شامىلى مەيىن چىقتى

## ـــ شىنجاڭ تىنچ ئازاد قىلىنغان 70 يىلدىن بۇيانقى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان

□مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا

«بۇ يىل 80 ياشقا كىردىم، بەختىمگە يارىشا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا گۇۋاھ بولدۇم، تۇرمۇشىمىزنىڭ بارغانسېرى بەختلىك بولۇۋاتقانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇم!» 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيەسىنىڭ گەزلىك بازىرى قالما كەنتىدە، ئىللىق قۇياش نۇرى دېھقان ئائىلىسىنىڭ كىچىك ھويلىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى، پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى راخمان تاھىر ئۆز ھويلىسىدا تۇراتتى، ئۇ ئاق كۆڭلەك، قارا جىلىتكە كىيىۋالغان بولۇپ، روھلۇق كۆرۈنەتتى، پارتىيە ئىزنىكىنى مەيدىسىگە تاقىۋالغانىدى.

ئون يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا نەزەر سالساق، 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1 ـ بېتىدە «بىر ئۇيغۇر پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئەدىيەۋى دوكلاتى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ماقالىدىكى باش پېرسوناژ دەل راخمان ئىدى. ئۇ ئەدىيەۋى دوكلاتىدا مۇنداق يازغان: «ئۆزۈم كونا ـ يېڭى ئىككى جەمئىيەتنى باشتىن كەچۈرگەن ئادەم، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.» ئون يىلدىن كېيىن، ھازىرقىنى كۆرۈپ ئۆتمۈشنى ئەسلىگەن بوۋاي توختىماي ھاياجانلاندى: «بىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەمىز يەنە بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى!»

بۇ بىر 80 ياشلىق بوۋاينىڭ تەسراتى، شۇنداقلا شىنجاڭ تىنچ ئازاد قىلىنغان 70 يىلدىن بۇيانقى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشنىڭ بىر ئىخچام كارتىنىسى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قەدىمى شىنجاڭ تۇپرىقىدا پۇختا بېسىلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ئىناق، بەختلىك تۇرمۇشنىڭ يېڭى مەنزىرىسى نامايان بولدى.

### ■«تۇرالغۇدىن غەم قىلىش»تىن «ئولتۇراقلىشىشقا ماس كېلىش»كىچە

«كەنتىمىزدە ئىلگىرى تۇرىدىغان ئۆيلىرىمىز كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، يەر تەۋرىسە، كەلكۈن كەلسە ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى. بەزى كىشىلەر يەنە «گەمە»دە تۇراتتى.» راخمان ئەدىيەۋى دوكلاتىدا مۇشۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: كېيىن ھۆكۈمەت ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغى بېرىپ، كەنت ئاھالىلىرىگە يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي، ئەمىن ئۆي سېلىپ بەردى، كەنت ئاھالىلىرى ئەمدى يەر تەۋرەشتىن قورقمايدىغان بولدى.

2004 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز يەر تەۋرەش نىسبىتى يۇقىرى بولغان، يەر تەۋرەش كۆپ يۈز بېرىدىغان رايونلاردا يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى؛ 2010 ـ يىلدىن بۇيان يېزىلاردىكى ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى، كۆچمەن چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، شەھەر ـ بازارلاردىكى كاپالەتلىك ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشلىرى باشلاندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 10 مىليوندىن ئارتۇق شەھەر ـ يېزا ئاھالىسى خەتەرلىك، كونا كېسەك ئۆيلەر ۋە كەپىلىك مەھەللىلەر بىلەن خوشلىشىپ، ئازادە، يورۇق يېڭى ئۆيلەردە ئولتۇردى.

«ئەمىن ئۆيدە ئولتۇرغاندا، كومپارتىيەنى ئۇنتۇمايمىز.» راخماننىڭ دېگىنىدەك، ئۇ تۇرۇشلۇق قالما كەنتىدە، 205 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى ئەمىن ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىگە بارسىڭىز، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئەمىن ئۆيلىرىنى بېزەپ يېڭىلىغانلىقىنى، ئۆيىدە سافا، تېلېۋىزور، كىرئالغۇ، سۇ ئىسسىتقۇچ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەل ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. كەنت ئاھالىلىرى يەنە ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇردى، تۈز ۋە تەكشى ئاسفالت يوللار ئىشىك ئالدىغىچە تۇتاشتۇرۇلۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تېخىمۇ يىراق دۇنيا بىلەن زىچ باغلىدى.

قەشقەر قەدىمىي شەھىرىنى ئۆزگەرتىش ئەمىن تاپقۇزۇش ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدىكى قېنىق، رەڭدار سىزما. 2010 ـ يىلى، قەشقەر قەدىمىي شەھىرىنى ئۆزگەرتىش تۈرى باشلىنىپ يولغا قويۇلدى، نەچچە مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بۇ چوڭ قۇرۇلۇشتا، «بىر ئائىلىگە بىر پىلان تۈزۈش، ئەسلىي ئېكولوگىيەسىنى ساقلاپ قېلىش»تەك ئۆزگەرتىش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇلدى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى قەشقەر قەدىمىي شەھىرىنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي يېڭىلىنىپ، 50 مىڭ ئائىلىدىكى 200 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە «ئەخلەت شامالدا ئۇچۇپ تۇگەيدىغان، يوندى پارىغا ئايلىنىپ تۈگەيدىغان، سۇ تۇرۇبىسى تامغا ئېسىپ قويۇلىدىغان» ئوسال ئەھۋالدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ، سۇ، توك، پار، گاز يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولدى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى قەشقەر قەدىمىي شەھىرى بۈگۈنكى كۈندە دۆلەت 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىغا ئايلاندى.

### ■«مەكتەپتە ئوقۇيالماسلىق»تىن «ياخشى مەكتەپتە ئوقۇش»قىچە

«ئازادلىقتىن بۇرۇن، كەنتىمىزنىڭ مائارىپى ئاساسىي جەھەتتىن يوق ئىدى، پۈتۈن يېزىدا تۈزۈكرەك بىرەر مەكتەپمۇ يوق ئىدى، كۆپ سانداكى كىشىلەر خەت تونۇمايتتى، خەت يازالمايتتى، قەغەزگە رەسىم سىزىپ ياكى چەمبىرەك سىزىپ مەقسىتىنى بىلدۈرەتتى.» خۇددى راخماننىڭ يازغىنىدەك، ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ مائارىپى ئىنتايىن قالاق بولۇپ، ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 90%تىن يۇقىرى ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا تارىخىي ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى.

1988 ـ يىلى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇش چارىسى» چىقىرىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى ئاساسلىنىدىغان نىزام بولۇش يولغا ماڭدى. 2000 ـ يىلدىن باشلاپ، دۆلەت ئېچكىرى رايونلاردىكى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان قىسمەن شەھەرلەردە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئاچتى، 2011 ـ يىلى، شىنجاڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى باشلىدى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئوقۇش يېشىغا توشمىغانلار مائارىپىدىن ئالىي مائارىپقىچە بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسەتى سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، 2018 ـ يىلى ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش مەبلىغىدىن جەمئىي 5 مىليارد 854 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، نەچچە ئون مىڭ نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشىنى تاماملىشىغا ياردەم بەردى.

تۆرلۈك مائارىپ ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا كۈچلۈك ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇدى. 1949 ـ يىلى، شىنجاڭدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئاران 19.8% ئىدى، 2018 ـ يىلى، باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.94%كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.32%كە يەتتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقانلار 2000دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىدىن 253 مىڭ 700 ئوقۇغۇچىغا كۆپەيدى.

ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇش تەدرىجىي ئىشقا ئېشىپ، ھەربىر بالا ئارزۇسىنى پەرۋاز قىلدۇرىدىغان قاناتقا ئىگە بولدى. بۇ يىل 12 ياشقا كىرگەن گۈلئاشار جۇمە ئاقتۇ ناھىيەلىك ئاق تېرەك باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 6 ـ يىللىقىدا ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭ ئارزۇسى «ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ دۇنيانى ساياھەت قىلىش.» ئۇنىڭغا ئوخشاش، چەت تاغلىق رايونلاردىن كەلگەن 3000دىن ئارتۇق دېھقان ـ چارۋىچى پەرزەنتى كۆپ ۋاستىلىك دەرسخانا، ئېلېكترونلۇق چالغۇ دەرسخانىسى، كاۋچۇك ياتقۇزۇلغان يۈگۈرۈش يولى قاتارلىق زامانىۋى ئەسلىھەلەرنىڭ ھەممىسى تەل بولغان ئاق تېرەك باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. «باللار ياخشى تەربىيەلەنسە، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، نامراتلىقنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىشىنى توسىيالايدۇ» دېدى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ھەسەنئېلى ئوبۇلقاسىم.

### ■«خىزمىتى يوق بولۇش»تىن يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشقىچە

«ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا مەن بىر دېھقان ئىدىم، بۈگۈنكى كۈندە سانائەت ئىشچىسىغا ئايلاندىم، مۇقىم خىزمىتىم بار بولدى، ھەر ئايدا نەچچە مىڭ يۈەن مائاش ئالىمەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن كەلدى» دېدى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭ شىڭشىيۇڭ لۈجيەن چەكلىك شىركىتى پولىمېرلاش سېخىنىڭ سەييارە تەكشۈرۈش ئىشچىسى مەردان ئەمەت.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەبىئىي ئىگىلىك بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيەسى تۆۋەن، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى قالاق، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ نامرات ئىدى. كىشىلەرگە قىلىدىغانغا ئىش تېپىپ بېرىش، ئۇلارنى پۇل تېپىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتا، ئىشقا ئورۇنلىششنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاچقۇچ.

ئۇزاقتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئىشقا ئورۇنلىششنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھىم، زور خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلىششى قىيىن بولغان كىشىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلىششى، ئىگىلىك تىكلەشكە پائال يېتەكلەپ، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىشنى ئاساس قىلغان تەشكىللىك يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش يېڭى مېخانىزمى قاتارلىقلارنى ئورنىتىپ، كۆپ خىل تەدبىرلەرنى تەڭ قوللىنىپ شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلىششى قىيىن بولغان كىشىلەر، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى قاتارلىق تۆرلۈك توپنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

راخمان بارماقلىرى بىلەن بىر تەرەپتىن ساناپ، بىر تەرەپتىن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ئىككى ئوغلۇم يۈك ئاپتوموبىلى شوپۇرى بولۇپ، ھەربىرى ھەر ئايدا 10 مىڭ يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلىدۇ؛ قىزىم يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىش ئورنىغا ئورۇنلىشىپ، ناھىيە بازىرىدا تازىلىق ئىشچىسى بولدى؛ نەۋرىلىرىمنىڭ ئوقۇۋاتقانلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشقا ئورۇنلاشتى. «بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خىزمىتى بار، كىرىمى مۇقىم، مەن غەم قىلمىساممۇ بولىدۇ، يەنە دائىم ماڭا خەجلەيدىغان پۇل بېرىدۇ.» راخماننىڭ چىرايىدىن رازىمەنلىك چىقىپ تۇراتتى.

2018 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشى ساپ كىرىمى 32 مىڭ 764 يۈەنگە يەتكەن بولۇپ، 1978 ـ يىلدىن بۇيان يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12.3%تىن ئاشتى؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 11 مىڭ 975 يۈەن بولۇپ، 1978 ـ يىلدىن بۇيان يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12.2%تىن ئاشتى. دۆلەتنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش باھار شامىلىنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، جاپالىق ئىشلەپ ۋە تەر تۆكۈپ، گۈزەل تۇرمۇشقا تۇتىشىدىغان داغدام يول ئاچتى.

### ■«دوختۇر ۋە دورا كەمچىل بولۇش»تىن «ساغلام شىنجاڭ»غىچە

ئومۇمىي خەلقنىڭ ساغلاملىقى بولمىسا، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق تۇرمۇش بولمايدۇ.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، شىنجاڭنىڭ داۋالاش ـ سەھىيە سەۋىيەسى تۆۋەن، دوختۇر ۋە دورا كەمچىل بولۇپ، يەرلىك كېسەل، يۇقۇملۇق كېسەللەر كۆپ يۈز بېرەتتى، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مۆلچەرلىك ئۆمرى 30 ياشقىمۇ يەتمەيتتى.

خەلق ئاممىسى كېسەلنى كۆرسىتەلەيدىغان، داۋالىنالايدىغان، ياخشى داۋالىنالايدىغان قىلىش خەلق تۇرمۇشى ئاساسىنى پۇختىلاشتىكى مۇھىم نۇقتا. 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ داۋالاش ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈشنى مۇھىم خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى ۋە ئەلرايى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەبلەغ سېلىنمىسى سالمىقىنى يىلمۇيىل ئاشۇرۇپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ناھىيە، يېزا، كەنت ئۈچ دەرىجىلىك داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش سىستېمىسى ئورنىتىپ، داۋالاش تېخنىكىسى، داۋالاش سۈپىتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئۆستۈردى.

«ئائىلىلىك دوختۇر»دىن ئائىلە دوختۇرى كېلىشمە مۇلازىمىتىگىچە، كىشىلەرنىڭ كېسەل كۆرسىتىش بارغانسېرى قولايلاشتى؛ «يېزىلاردىكى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش»تىن شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىگىچە، كىشىلەرنىڭ داۋالىنىش چىقىمىنى ئاچچوت قىلىش نىسبىتى بارغانسېرى ئۆستى؛ دۆلەتنىڭ ئاساسىي دورا تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىن ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى دوختۇرخانىلاردا دورىغا پىرسەنت قوشۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلدىن قالدۇرۇشقىچە، كىشىلەر داۋالىنىشتا ئاز پۇل خەجلەيدىغان بولدى؛ يىراقتىن داۋالاشتىن داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلۇشىغىچە، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىمۇ داۋالىنىشتا يىراققا بارمىسىمۇ بولىدىغان بولدى.

2016 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر يىلى بىر قېتىم ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى، ھازىرغىچە جەمئىي 4 مىليارد 68 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، جەمئىي 53 مىليون 830 مىڭ ئادەم قېتىمنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلۈپ، نوپۇستىكى ئاھالىلەرنى تولۇق قاپلاش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش «داۋالاش ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش» ۋە «ساغلام شىنجاڭ»نىڭ يارقىن نام كارتىسىغا ئايلاندى.

«ھەر يىلى بىر قېتىم سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتىن بەھرىمەن بولالايمىز، كېسەل بولۇپ قالساق بالدۇر بايقاپ، بالدۇر داۋالىنىپ، ئاز پۇل خەجلەيدىكەنمىز، بۇ ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان ياخشى سىياسەت ئىكەن». سالامەتلىك تەكشۈرتۈش تىلغا ئېلىنغاندا، مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرى بوز ئېرىق كەنتى ئاھالىسى تۇرسۇن قادىر ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر ـ يېزىلار بىرتۇتاش پىلانلانغان، ئومۇمىي خەلقنى قاپلىغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، ئىجتىمائىي كاپالەتتە كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق كاپالەتلەندۈردى، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىپ، جەمئىيەت قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى. «كۈتۈنۈش پۇلى ئۇدا 15 يىل ئۆستى، مېنىڭ كۈتۈنۈش پۇلۇم ھەر ئايدىكى نەچچە يۈز يۈەندىن ھازىرقى 3000 يۈەنگە ئۆستى، ياشانغاندا تايىنىدىغىنىم بار بولدى، كۆڭلۈم بارغانسېرى كۆتۈرەڭگۈ بولۇۋاتىدۇ» دېدى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كارخانىدىن پېنسىيەگە چىققان ۋاڭ فۇلىڭ خۇشال ھالدا.

باللار بېقىلىدىغان بولۇش، ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش، ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش... شىنجاڭ ئۇدا نۇرغۇن يىل 70%تىن كۆپرەك ئاممىۋى خامچوت چىقىمىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىپ، ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈردى.

خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئىللىق قۇياش نۇرى ھەممە ئائىلىنى ئىللىتتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، كەلگۈسىدىكى كۈنلىرى تېخىمۇ ئۈمىدكە تولدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سوتسىيالىزمنى سۆيۈش غايەت زور قىزغىنلىقنى قوزغاپ، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ئۇلۇغ كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك. بارلىق خادىملارنى پۈتۈن جەريانلىق، ھەر تەرەپلىمە تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، كەڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە، جانلىق قانات يايدۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى پۇختا يىلتىز تارتقۇزۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە مەكتىپى(مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يېڭى دەۋردە پارتىيە مەكتىپى(مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيە مەكتىپى پارتىيەنىڭ بولۇش، مەكتەپنى قاتتىق باشقۇرۇش، سۈپەتلىك مەكتەپ قۇرۇشتا. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ نەزەرىيە تەربىيەسى ۋە پارتىيەۋىلىك تەربىيەسىنىڭ ئاساسىي كەسىپ، ئاساسىي دەرسلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان يۇقىرى ساپالىق كەسپلەشكەن كادىرلار قوشۇنىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئاساسىي نىشان قىلىپ، كادىر تەربىيەلەش، ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكلەش، نەزەرىيە قۇرۇلۇشى، تەدبىر بەلگىلەش، مەسلىھەت بېرىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۇرسانتلارنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەربىيەلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم(پارتگورۇپپا)لار پارتىيە مەكتىپى(مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش، مەكتەپنى ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «نىزام»نى يولغا قويۇشقا بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپ(مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)لىرى «نىزام»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەكتىپى پارتىيەنىڭ بولۇشتەك مەكتەپ باشقۇرۇش پرىنسىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئوقۇتۇش پەن تەتقىقاتى ۋە باشقۇرۇش مۇلازىمىتى قاتارلىق تۆرلۈك خىزمەتلەرنى كۈچەيتىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.